## 9515 ـ ھىجابلىنىش ئىسلام ئاساسلىرىدىن بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەك كۆڭۈل بۆلىنىدۇ؟

**سۇئال**

بىر كىشى ھىجابلىنىش ئىسلام ئاساسلىرىدىن بولمىغانلىقى سەۋەپلىك ئۇنىڭغا ئۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ دەپ قارىشى مۇمكىنمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بۇ توغرا قاراش ئەمەس. ئايال كىشىگە نىسبەتەن ھىجابلىنىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر (يەنى ۋاجىبتۇر). ئاللاھ تائالا ئايالλارنىڭ يۈزى، كۆكسى ۋە باشقا زىننەت ئورۇنلىرىنى ئوراشقا، شۇنداقلا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە كۆزگە ئىلماسلىقتىن قوغداش ئۈچۈن ھىجاب پەرز قىلىنغان. چۈنكى ئايال دېگەن شەھۋەتنىڭ ئورنى، نەزەر سالغۇچىلار ئۈچۈن پىتنىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدۇر. قىز ـ خانىملار ئوچۇق، يېرىم ـ يالىڭاچ يۈرسە، پىگورلىرىنى ئاشكارا قىلسا، بۇ سەۋەپلىك بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تەبئىي مايىل بولۇپ شەيتانى ھەۋەسكە ئەگىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەتتە زىنا ـ پاھىشەنىڭ باشلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئاياللارنى پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ ھىجابلىنىشنى پەرز قىلدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ تەرجىمىسى: لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. [نۇر سۈرىسى 32–ئايەتنىڭ بىرقىسمى]. لېچەك ئاياللار بېشىدىن چۈشۈرۈپ يۈزى ۋە كۆكرىكىنى ئورايدىغان نەرسە، جىلباب پۈتۈن بەدەننى ئورايدىغان كىيىمدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِن وَرَاءِ حِجَابٍ تەرجىمىسى: سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. [ئەھزاب سۈرىسى 53–ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ھىجاب بولسا ئاياللارنى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئورنى قىلىۋېلىشتىن ھىمايە قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىلدۇر. [پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى جىبرىين].